ھايات نېمىگە تايىنىپ داۋام ئېتىدۇ

لېۋ تولستوي (روسىيە)

قەھۋە ئاكا تەرجىمىسى

بىر قەھرتان قىش كېچىسى، كۈنبويى خېرىدار كىرمىگەن دۇكاننى ساقلىغان موزدۇز، ھېرىپ ھالىدىن كەتكەن تېنىنى ئېلىپ، غېرىپ كۆلبىسىگە قايتقاندى .ئۇ كېتىۋېتىپ توساتتىن كوچا دوقمۇشىدىكى كىچىك ئىبادەتخانىنىڭ يېنىدا، ئاق رەڭلىك بىر نەرسىنىڭ مىدىرلاۋاتقانلىقىنى بايقاپ قالدى: «ۋايجان ! بۇ بىر ئادەمكەنغۇ ؟!»

مۆشۈنداق جانئالغۇر ئاچچىق سوغوقتا، ئۇ ئادەم قىپپالىڭاچ ئىدى. موزدۇز ئۇنىڭ يېنىغا بېرىپ، چاپىنىنى سېلىپ ئۇنىڭغا يېپىنچاقلىتىپ، پۇتىدىكى ئايىقىنى سېلىپ ئۇنىڭغا كىيدۈرۈپ قويىدى، لېكىن ئۇ كىشى يەنىلا مىدىرلىمايتتى.- يۈرۈڭ، بىزنىڭ ئۆيگە بارايلى -دېدى موزدۇز ئۇنىڭغا ئىچ ئاغرىتىپ.

موزدۇزنىڭ ئايالى ئېرى باشلاپ كەلگەن ناتونۇش كىشىنى كۆرۈشى بىلەنلا چىرايى ئۆزگىرىپ كەتتى، چۈنكى، ئېرىنىڭ كىيىم -كېچەكلىرى بۇ ناتونۇش ئادەمنىڭ ئۇچىسىدا تۇراتتى.

-بۇ كىشىگە يېگۈدەك بىر نېمە بەرسەڭچۇ -دېدى موزدۇز ئايالىغا.

-ئۆيدە پەقەت بىرپارچە بولكىلا قالدى !- دېدى موزدۇزنىڭ ئايالى ئېرىنىڭ بۇ گېپىدىن سەل ئاغرىنغاندەك قىلىپ.

بۇنى بايقاپ قالغان موزدۇز ئاۋازىنى پەس قىلىپ :-ئۇنىڭغا بەرگىن، ئۇنىڭ قورسىقى بەكلا ئېچىپ كەتكەندەك قىلىدۇ، ئەگەر يەنە بىرنېمە يېمىسە، ئۆلۈپ كېتىدۇ.- دېدى.موزدۇزنىڭ ئايالى ئىشكاپتىن ئۆيدىكى بىردىن -بىر بولكىنى ھېلىقى «چاقىرىلمىغان مېھمان»غا بەردى. ھېلىقى كىشى موزدۇز ۋە موزدۇزنىڭ ئايالىغا قارىدى، ئۇنىڭ ئۆلۈكنىڭكىدەك تاتىرىپ كەتكەن چىرايىدا تەبەسسۇم پەيدا بولدى.شۇنداق قىلىپ، موزدۇز ۋە ئايالى كوچىدا توڭلاپ ئۆلگىلى تاس قالغان بۇ ناتونۇش ياشنى ئائىلىسىدە ئېلىپ قالدى ۋە ئۇنىڭغا ئاياغ تىكىشنى ئۆگەتتى. ئاجايىپ يېرى، ئۇلار ئۇنىڭغا نېمىلا ئۆگەتسۇن ئۇ تېزلا ئۆگىنىۋالاتتى، ئىشقا كىرىشپلا قالسا كىشىگە بىر ئۆمۈر ئاياغ تىككەن ئۇستا موزدۇزدەك تەسىر بېرەتتى.

كۈنلەر-كۈنلەرگە، ھەپتىلەر-ھەپتىلەرگە ئۇلىشىپ ئۆتتۈەردى. ھېلىقى ياش

داۋاملىق موزدۇزنىڭ ئائىلىسىدە قېلىپ، ئۇلارنىڭ ئىشلىرىغا ياردەم قىلىشنى داۋام ئەتتى. ئۇنىڭ نامى تېزلا ئەتراپقا تارالدى. ھېچكىممۇ ئۆتۈكنى ئۇنىڭدەك سۈپەتلىك ۋە پۇختا تىكەلمەيتى. ئەتراپتىكى ئۆتۈك تىكتۈرگۈسى بارلىكى كىشىلەر ئۇنى ئىزدىگەچكە، موزدۇزنىڭ ئوقتى بارغانچە روناق تېپىشقا باشلىدى.

يەنە بىر قىش پەسلىنىڭ مەلۇم بىركۈنى، موزدۇز ئىش ئۈستىدە ئىدى، بىر ياسىداق ئات ھارۋىسى قوڭغۇراقلىرىنى جىرىڭلاتقىنىچە ئۇنىڭ ئىشىك ئالدىدا توختىدى. مەپىدىن خۇرۇم پەلتۇ كېيىۋالغان بىر بوۋاي چۈشتى.
بوۋاي بىرئورام خۇرۇمنى ئۈستەلگە قويغاچ : ـ بۇ گېرمانىيە مېلى، 20 رۇبلىيغا يارايدۇ، سىز بۇنىڭ بىلەن ماڭا بىرجۈپ ئۆتۈك تىكىپ بېرەلەمسىز ـ دەپ سورىدى.ـ بولىدۇ، جانابلىرى ـ دېدى موزدۇز دەرھاللا.

ـسىز ماڭا يىل بويى كىيسىمۇ يىرتىلمايدىغان، پېتىدىن چۈشۈپ كەتمەيدىغان، خەقنىڭ ئالدىدا چېنىپ قالمايدىغان ئۆتۈك تىكىپ بېرىشىڭىز كېرەك، ئىش ھەققىگە ئون رۇبلىي بېرىمەن ـدېدى ئارقىدىنلا ھېلىقى پوزۇر كىينىگەن بوۋاي.موزدۇز مۆتىۋەر سۈپەت كىشىنى ئۇزۇتۇپ قويغاندىن كېيىن، يىگىتكە شۇنداق دېدى:ـبۇ غوجامنىڭ بۇيرۇتمىسىنى ئالدۇق، ھەرگىز چاتاق چىقىپ قالمىغاي. بۇ قىممەت باھالىق خۇرۇمكەن، پۇلدارلار سەن بىلەن بىزنى ئاياپ ئولتۇرمايدۇ، ئىشنى ئىنچىكە قىلايلى، سېنىڭ كۆزۈڭ مېنىڭكىدىن ئۆتكۈر، خۇرۇمنى سەن پىچقىن، مەن باشلىقىغا ئىشلەي.

يىگىت بېشىنى لىڭشىتىپ ماقۇللۇقىنى بىلدۈرگەندىن كېيىن، ئۈستىسىنىڭ قولىدىن خۇرۇمنى ئېلىپ، ئاۋۋال ئۈستەلگە يايدى ،ئاندىن ئۇنى تەكشىلەپ

قاتلاپ، ئەندىزىسىنى كېسىشكە باشلىدى.ـ سەن بۇنى نېمە قىلدىڭ ؟ جىنىمنى ئالدىڭغۇ يىگىت ! ئۇ غوجامنىڭ بۇيرۇتقىنى ئۆتۈكقۇ، سىنىڭ بۇ نېمەڭ ...ئۇنىڭ گېپى تېخى تۈگىمەيلا، دۇكاننىڭ ئىشكى چېكىلدى. كىرگىنى ھېلىقى مۆتىۋەر بوۋاينىڭ چاكىرى ئىدى، ئۇ ئىشىكتىن كىرىپلا ئۈنلۈك ئاۋازدا :ـبولدى ئۆتۈكنى تىكىشنىڭ ھاجىتى قالمىدى! بېگىم ئۆيگە يېتىپ بارمايلا يول ئۈستىدە قازا تاپتى. جانابى خانىم ماڭا : بېرىپ ئۆلارغا ئېيتقىن، ئۆتۈكنىڭ ئورنىغا، بىرجۈپ مىيت ئايىغى تىكىپ بەرسۇن دېدى ـدېدى.

ئارىدىن ئالتە يىل ئۆتۈپ كەتتى، يىگىت يەنىلا ئىزچىل موزدۇزنىڭ ئىشىغا ياردەملىشىپ ياشاۋەردى.ئۇ بۇرۇنقىدەكلا ئادەتتە تالا ـتۈزگە جىق چىقمايتى، كەم سۆز ئىدى. ئۇ بۇيىللار مابەينىدە پەقەت ئىككىلا قېتىم كۈلدى.بۇ ئىككى قېتىملىق كۈلكىنىڭ بىرىنچى قېتىملىقى ئايال غوجايىن ئۇنىڭغا كەچلىك تاماق ئېتىپ بەرگىنىدە، يەنە بىرى بولسا ھېلىقى مۆتىۋەر بوۋاينى كۆرگەندە يۈزبەرگەن ئىدى.

موزدۇز بولسا يىگىتنىڭ خىزمىتىدىن ئىنتايىن رازى ئىدى، ھازىرغىچە بىرەر قېتىم ئۇنىڭدىن ھېچقانداق كەچمىشىنى سوراپمۇ باقمىدى، ئۇ پەقەت بۇ يىگىتنىڭ بۇيەردىكى ئىشنى تاشلاپ كېتىپ قېلىشىدىنلا ئەنسىرەيتى.بىركۈنى بىرئايال موزدۇزنى ئىزلەپ كەلدى. ئۇناھايىتى پاكىزە، رەتلىك كېيىنگەن بولۇپ، بىر ـبىرىگە قۇيۇپ قويغاندەك ئوخشايدىغان ئىككى كىچىك قىزچاقنى باشلاپ كەلگەن بولۇپ، ئۇ ئىككىسىنىڭ بىرلا پەرقى بىرىنىڭ سول پۇتىدا ئەيىبى بارئىدى.

ئۇ خانىم ئۇستەل يېنىدا ئولتۇرغاندىن كېيىن : ـ مەن بۇ ئىككى قىزچاققا ئەتىيازلىق ئاياغ تىكتۈرمەكچىمەن ـدېدى.موزدۇز قىزچاقلارنىڭ پۇتىنى

ئۆلچەۋتىپ، سول پۇتىدا ئەيىبى بار قىزچاقنى كۆرسىتىپ : ـبۇ قىزچاق نېمىشقا بۇنداق بولۇپ قالدى، شۇنچە چىرايلىق بىر قىزچاق ـھە، تۇغۇلىشىدىنلا شۇنداقمىدى ـيە؟ ـ دەپ سورىدى.ـبۇ بەش ـئالتە يىللار ئاۋالقى ئىش ـدەپ گېپىنى باشلىدى ئايال ـئۇچاغدا مەن بىرمۇنچە ئەرلەر بىلەن سەھرادا يەر تېرىيتتىم، ئۇلارنىڭ ئائىلىسى بىلەن قوشنا ئىدۇق. ئۇلارنىڭ دادىسى ئورماندا ياغاچ كەسكۈچى ئىدى، بىركۈنى ئۇ تالاپەتكە يولۇقتى، بىر ئۈنى كۆرگەندە، بىرتۇپ دەرەخنىڭ ئاستىدا ياتقان بولۇپ، ئىچ ـقارنى چۇۋۇلۇپ چىققىلى قىل قاپتۇ، ئۇنى ئۆيگە ئېلىپ بارغىنىمىزدا نەپەستىن قالدى. شۇ ھەپتىسى ئۇنىڭ تۇل قالغان ئايالى مۇشۇ قوشكېزەكلەرنى يەڭگىپتۇ. ئەينى چاغدا ئۇنىڭ يېنىدا ھېچكىم بولمىغاچقا بۇ قىزلارنى يالغۇز يەڭگىپ، تۇغۇت جەريانىدا كېتىپ قاپتۇ..ئايال سۆزىنى يەنە داۋاملاشتۇردى :ـ ئەينى چاغدا، كەنتتىكى ئاياللار ئىچىدە پەقەت مەنلا بالا ئېمىتىۋاتقان ئىدىم، كىشلەر بۇ بىرجۇپ قىزچاقنى ۋاقتىنچە بىزنىڭكىدە تۇرۇپ تۇرسۇن دېيىشتى.ئۇچاغلاردا مەن ھەم ياش ھەم تەمبەل ئىدىم، تاماقنىمۇ راۋرۇس يەيتىم، كۆكسىم چىڭقىلىپ،سۈتۈم جىڭغىپ تۇراتتى.تەڭرىنىڭ ھىممىتى بىلەن بۇ ئىككى بالا ساغلام يېتىلدى، لېكىن ئىككىنچى يىلى ئۆزۈمنىڭ بالىسى ئۆلۈپ كەتتى، شۇنىڭدىن كېيىن بالىلىقمۇ بولالمىدىم، ئەمما كۆنلىرىم بارغانسىرى ياخشىلىنىپ كەتتى.ناۋادا بۇ ئىككى پەرىشتەم بولمىغىنىدا كۈنلەر قانداق ئۆتكۈزەر ئىدىمكىنتاڭ !موزدۇز ئايالنى ئۈزىتىپ چىقىۋتىپ، ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ شاگىرتىغا قارىدى، يىگىت ئورۇندۇقتا ئولتۇرغان بولۇپ، ئىككى ئالقىنىنى تىزىغا قويۇپ، ئاسمانغا قاراپ كۈلۈمسىرەۋاتقاندى.موزدۇز ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ :ـ سەن نېمە بولدۇڭ ؟ـ دەپ سورىدى ھەيرانلىق ئىلكىدە.

يىگىت ئورۇندۇقتىن تۇرۇپ، پەرتۇقنى يېشىپ، موزدۇزغا تەزىم قىلدى ۋە :ـ

غوجايىن مېنى ئەپۇ قىلىڭ، تەڭرىمۇ ماڭا كەڭچىللىك قىلدى، سىلەرمۇ ماڭا غەزەپلەنمەڭلار ـ دېدى.

مۇزدوزنى ھەيرانلىقتا قالدۇرغان يىگىت سۆزىنى داۋام ئېتىپ شۇنداق دېدى:
ـ مەن ئەسلى بىر پەرىشتە ئىدىم، كۆكلەرنىڭ بىرىدە تەڭرىم مېنى بىر ئايالنىڭ روھىنى قايتۇرۇپ كېلىشكە بۇيرىدى، مەن زېمىنغا چۈشكىنىمدە، ئۇ كارىۋاتتا قىينىلىپ ياتقان ئىكەن، ئۇنىڭ بىرجۈپ قىزىنىڭ يېڭىلا دۇنياغا كۆز ئاچقىنىنى بىلدىم. بۇ بىرجۈپ يېڭى جان ، ئانىسىنىڭ يېنىدا تىپچەكلەپ ياتاتتى، ئانىسىنىڭ بولسا ئۆزىنى رۇسلاپ، ئۇلارنى ئىمىتكۈدەك مادارى يوقتى. ئۇ مېنى كۆرۈپ، تەڭرىنىڭ بۇيرۇقىنى چۈشەندى ۋە يىغلاپ كەتتى .ئۇ ماڭا يېلىنىپ : ئەي پەرىشتە، مېنىڭ ئېرىم يېقىندىلا تۈگەپ كەتتى، مېنىڭ ھېچبىر قېرىندىشىم يوق، مەن كېتىپ قالسام بۇ نارەسىدىلەر قانداق قىلىدۇ؟ سىزمېنىڭ جېنىمنى ئالماي تۇرۇڭ، مەن بۇلارنى ئۆزۈم بېقىپ قاتارغا قوشاي، ئۇلار تىرىك يېتىم بولۇپ قالمىسۇن دېدى. مەن ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ، تەڭرىگە : مەن بۇ تۇغۇتلۇق ئايالنىڭ جېنىنى قانداقمۇ ئالاي دېدىم. لېكىن تەڭرى ماڭا قايتا بۇيرۇق قىلىپ : ئۇنىڭ روھىنى قايتۇرۇپ كەلگىن، سەن مۇنداق ئۈچ قائىدىنى چۈشىنىپ يېتىسەن؛ ئادەمنىڭ قەلبىدە نېمە بار، ئادەمنى چارىسىز قالدۇرىدىغىنى نېمە، ئادەم نېمىگە تايىنىپ ياشايدۇ. سەن بۇ ئۈچ قائىدىنى چۈشەنگەندىن كېيىن ئاندىن قايتىپ كەلگىن!

مەن تەڭرىنىڭ ئىرادىسىگە بويسۇنۇپ، ئۇ ئايالنىڭ جېنىنى ئالدىم. ئايالنىڭ جېنى تېنىدىن جۇدا بولدى، ئۇنىڭ ئېغىرلاشقان تېنى بوۋاقلارنىڭ بىرىنىڭ پۇتىنى بېسىۋالغاندى. مەن ھاۋاغا كۆتۈرۈلۈپ ئۇنىڭ روھىنى تەڭرىنىڭ ھوزۇرىغا يەتكۈزۈشكە تەمشەلگىنىمدە، غايىبتىن كەلگەن كۈچلۈك شامال بىر قانىتىمنى

سۈندۈرىۋەتتى، ئۇنىڭ روھى تەڭرىنىڭ قېشىغا يالغۇز كەتتى، مەن بولسام چوڭ يولغا يىقىلىپ چۈشتۈم.
يىگىت بىرئاز جىمىپ كەتكەندىن كېيىن، سۆزىنى يەنە داۋام ئەتتى :-
ئاپالىڭىز ئۆيدىكى بىردىن-بىر بولكىنى قولۇمغا تۇتقۇزغان پەيتتە، ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن تەڭرىنىڭ بىرىنچى سۆزىنى ئاڭلىغاندەك بولدۇم؛ « سەن ئىنساننىڭ قەلبىدە نېمە بارلىقىنى بىلىسەن» ، مەن بىلدىم، ئىنساننىڭ قەلبىدە مۇھەببەت بارئىكەن. دېمەك تەڭرى ماڭا بىلدۈرۈشنى ۋەدە قىلغانلىرىنى بىلدۈرۈشكە باشلىغان ئىدى، شۇڭا مەن ئىنتايىن خۇشال بولدۇم ۋە زېمىنغا چۈشكەندىن كېيىن تۇنجى قېتىم كۈلۈمسىرىدىم.
شۇنىڭ بىلەن مەن سىزنىڭكىدە تۇرۇپ قالدىم، ئارىدىن بىر يىل ئۆتكەندە، بىر كىشى كېلىپ يىل بويى كىيسىمۇ يېتىدىن چۈشۈپ كەتمەيدىغان، باشقىلارنىڭ نەزىرىدە چېنىپ قالمايدىغان ئۆتۈك تىكىپ بېرىشىڭىزنى تەلەپ قىلدى. مەن ئۇنىڭغا قارىغىنىمدا، ئۇنىڭ ئارقىسىدا دوستۇم ئۆلۈم پەرىشتىسىنىڭ تۇرغانلىقىنى بايقىدىم. مەن دوستۇمنىڭ شۇ كۈنى كۈن پاتقۇچە، ئۇ كىشىنىڭ جېنىنى ئالىدىغانلىقىنى بىلدىم، ئۇ كىشى ئۆزىگە بىرىيىل كىيگۈدەك پۇختا ئۆتۈك تەييارلىماقچى بولغان بىلەن ئەتىگىچە ياشىيالمايدىغانلىقىنى بىلمەيتى.
شۇچاغدا، مەن تەڭرىمنىڭ ئىككىنچى سۆزىنى يادىمغا ئالدىم؛ « سەن نېمىنىڭ ئىنساننى چارىسىز قالدۇرىدىغانلىقىنى بىلىسەن». شۇنىڭ بىلەن ئىككىنچى قېتىم كۈلۈمسىرىدىم.

لېكىن، مەن ئىنساننىڭ زادى نېمىگە تايىنىپ ياشاشنى داۋام ئېتىدىغانلىقىنى چۈشەنمەيتىم، شۇڭا، بۇيەردە داۋاملىق قېلىپ، تەڭرىنىڭ بىلدۈرۈپ قويماقچى بولغان ئۈچىنچى قائىدىسىنىڭ زاھىر بولۇشىنى كۈتۈشنى قارار قىلدىم. ئالتىنچى يىلى بولغاندا، بىر ئايال قوشكېزەك قىزلىرىنى باشلاپ كەلدى. مەن بۇ بىرجۈپ

قىزچاقنى تونىدىم، ئۇلارنىڭ قانداق ھايات قالغانلىقىنى بىلەتتىم. ئۇلارنىڭ ئانىسىنىڭ جېنىنى ئېلىشقا تەييارلانغىنىمدا، ئۇ ئاتا-ئانىسىز بالىنىڭ ياشىيالمايدىغانلىقىنى ئېيتقانىدى، نەتىجىدە ئۇلار يات بىر ئايالنىڭ ھىمايىسىدە ھايات قالدى. باياتىن ، مەن بۇ ئايالنىڭ باشقىلارنىڭ بالىسى ئۈچۈن ئېچىنىپ ياش تۆككىنىنى كۆرگىنىمدە، مەن ئۇنىڭ چېھرىدىن تەڭرىنىڭ ھەقىقى سىماسىنى بايقىدىم ھەم ئىنسانلارنىڭ نېمىگە تايىنىپ ھاياتىنى داۋام ئېتىدىغانلىقىنىمۇ چۈشىنىپ يەتتىم. بىلدىمكى، بۈگۈن تەڭرى ماڭا بىلدۈرۈشنى ۋەدە قىلغان ئۈچىنچى قائىدىنى يەتكۈزدى، مەن ئاخىرى كەڭچىللىككە نائىل بولدۇم،شۇڭا كۆككە باقىنىمچە كۈلۈمسىرىدىم.

-مەن ئەمدى تولۇق چۈشەندىم، ئىنسانلارنىڭ ھاياتىنى داۋام ئېتەلىشى پۈتۈنلەي قەلبىدىكى مۇھەببەتكە باغلىق ئىكەن. كىمكى مۇھەببەت ئىلكىدە ياشىسا، ئۇنىڭ ھاياتىدا تەڭرى مەۋجۇت بولىدىكەن، كۆڭلى يورۇق بولىدىكەن، چۈنكى مۇھەببەت دەل - تەڭرىنىڭ ئۆزى ئىكەن.

قەھۋەئاكىنىڭ كوندىلىك خاتىرىسى